# هازىرقى خرىستىئانلار قولىدىكى

# ئىنجىللار ئەسلى نۇسخىسىدىن

# ئۆزگەرتىۋېتىلگەن

[ئۇيغۇرچە]

الأناجيل الموجودة اليوم كتبت بعد عيسى عليه السلام
وقع فيها تحريف كثير
**[باللغة الأويغورية]**


مۇپتى: مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

المفتي : الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۇسۇپ

المترجم: محمد يوسف

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

**1429 – 2008**

islamhouse.com

# هازىرقى خىرىستىئانلار قولىدىكى ئىنجىللار ئەسلى نۇسخىسىدىن ئۆزگەرتىۋېتىلگەن

نومۇرلۇق سوئال 47516

**سوئال:**

مەلۇمكى، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىدا ئاللاھ تائالا ئىنجىلنى ئىسا ئەلەيهىسسالامغا چۈشۈرگەن. لېكىن مەسىھ ھەققىدىكى بەزى نەرسىلەرنى ئوقۇغىنىمدا، ئىنجىل ئىسا ئەلەيهىسسالامغا كەلمىگەن، بەلكى ئۇنى ئۇنىڭ مۇرتلىرى كېيىنچە يېزىپ چىققان دېيىلىدۇ. بىز بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىنى قانداق مۇۋاپىقلاشتۇرىمىز؟

**جاۋاب:**

بۇ ئىككى سۆز ئارىسىدا زىتلىق ياكى ئىختىلاپ يوق. سەۋەب ئىككى ئىشنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىزدا. ھەر ئىككىسى توغرىدۇر.

بىرىنچى مەسىلە ئىنجىلنىڭ ئىسا ئەلەيهىسسالامغا چۈشكەنلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش پەرزدۇر. چۈنكى ھەقىقى ئىنجىلنى ئاللاھ ئىسا ئەلەيهىسسالامغا چۈشۈرگەن. ئاللاھنىڭ پۈتۈن كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.ئاللاھ مۇنداق دېگەن:« پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله غا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە

پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) « الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: « بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ»(بەقەرە سۈرىسى 285- ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىلنىڭ ئىمان ھەققىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ:« ئىمان- ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، قىيامەت كۈنىگە ۋە ياخشىلىق - يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش» دەپ كۆرسەتكەن. (بۇخاري ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

شۇنىڭدەك يۇقىرىقىلارغا ئىنكار قىلىش ياكى شەك كەلتۈرۈش ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇق ۋە كۇپرىلىقتۇر. « ئى مۆمىنلەر! الله غا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە الله ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى الله نى، الله نىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ»(نىسا سۈرىسى 136- ئايەت).

ئاللاھ يەنە مۇنداق دېگەن:« شۈبھىسىزكى، الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، الله بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (الله غا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز،

بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلار. ئەنە شۇلار (ئىمانىنى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ)راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق » (نىسا سۈرىسى 150ـ 151ـ ئايەتلەر).

ئەمدى ئىككىنچى مەسىلە، ھازىر كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا بولىۋاتقان ئىنجىللارغا كەلسەك، بىزنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەسلى ئىنجىلغا ئىمانىمىز كامىل بولسىمۇ، ھازىرقى ئىنجىللارنىڭ ھېچقايسىسى ئاللاھ چۈشۈرگەن ھەقىقىي ئىنجىل ئەمەس. پەقەت قۇرئان كەرىمدىن باشقا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ھېچبىرى ئاللاھ چۈشۈرگەن پېتى ساقلانغان ئەمەس. بەلكى خرىستىئانلارمۇ قوللىرىدىكى ئىنجىللارنى ئاللاھتىن چۈشكەن ئىنجىللار دېيەلمەيدۇ. ئۇلار بۇ ئىنجىللارنى ئىسا ئەلەيھىسسالام يازغان دېيمۇ دەۋا قىلالمايدۇ. دېيەلىسە ئىسا زامانىدا يېزىلغان دەيدۇ. ئىبنى جەرىر مۇنداق دېگەن:« بىز يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى ساختا تەۋراتنىڭ ئاللاھ چۈشۈرگەن ھەقىقىي تەۋرات ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈشكە ھاجەت بولغىنىمىز بىلەن خرىستىئانلارنىڭ قوللىرىدىكى ئىنجىللارنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن كەلمىگەنلىكىگە دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈشكە ھاجەت ئەمەسمىز. چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ ئومۇمىسى قوللىرىدىكى تەۋراتنى ئاللاھ تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن تەۋرات دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانلىرىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن دەلىلى ـ ئىسپات كەلتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما خرىستىئانلار بىزنى بۇ جاپادىن بىھاجەت قىلدى. چۈنكى ئۇلار

قوللىرىدىكى ئىنجىللارنى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن دەپ دەۋا قىلمايدۇ. ھەتتا ئىسا ئەلەيھىسسالام يازغان دەپمۇ دەۋا قىلمايدۇ. ئۇلار بۇ مەشھۇر 4 ئىنجىلنى ئىسىملىرى مەنسۇپ قىلىنغان 4 شەخسنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن خېلى كېيىن يازغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىرىنچىسىنى مەتتا ئىسىملىك بىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندىن 9 يىل كېيىن يەھۇزانىڭ يۇرتىدا ئىبرانى تىلىدا يېزىپ چىققان تارىخ كىتاب. ھەجمى ئوتتۇرا خەت بىلەن 28 ۋاراق ئىدى. ئىككىنچىسىنى شەمئۇننىڭ مۇرتى ماركوس ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن 22 يىل كېيىن يېزىپ چىققان تارىخ كىتاب. ئۇنى ھازىرقى تۈركىيەنىڭ ئانتاكىيە شەھىرىدە يۇنان تىلىدا يېزىپ چىققان. بەزىلەر بۇ ئىنجىلنى ئەسلى شەمئۇن يازغان كېيىن ئۆز ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ مۇرىدى ماركوسقا مەنسۇپ قىلغان دەيدۇ. بۇ ئىنجىلنىڭ ھەجمى 24 ۋاراق ئىدى. ئۈچىنچىسىنى ئانتاكىيەلىك دوختۇر ۋە شەمئۇننىڭ مۇرىدى لۇقا دېگەن كىشى يېزىپ چىققان تارىخ كىتاب بولۇپ، يۇنان تىلىدا يازغان. تۆتىنچىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىدى يۇھەننا ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن ئاتمىش نەچچە يىل كېيىن يۇنان تىلىدا يېزىپ چىققان تارىخ كىتابتۇر. ھەجمى ئوتتۇرھال خەت بىلەن 24 ۋاراق ئىدى.

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: خىرىستىئانلارنىڭ قوللىرىدىكى ئىنجىللار مەتتا، لۇقا، ماركوس ۋە يۇھەننا قاتارلىق 4 ئىنجىلدۇر. ئۇلار لۇقا بىلەن ماركوسنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىغا ئىتتىپاقتۇر. پەقەت مەتتا بىلەن يۇھەننا ئىككىسىلا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن. بۇ ماقالىلارنى ئۇلار ئىنجىل دەپ ئاتىغان. ئۇلار

بۇلارنى ئاللاھ تەرىپىدىن ياكى ئىسادىن كەلگەن كىتاب دەپ قارىمايدۇ. بۇلار پەقەت ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە مۆجىزىلىرىنى سۆزلىگەن كىتابلاردۇر.

مۇندىن باشقا يەنە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يېزىلغان بۇ ئىنجىللارمۇ يېزىلغان پېتى قالمىغان. چۈنكى تۈنجى نۇسخىسى يوقىلىپ كېتىپ، كېيىنچە بىلگەنچە توپلانغان.

ئىبنى ھەزم مۇنداق دېگەن: ئەمما خرىستىئانلار ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئىختىلاپ يوق مەسىلە شۇكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا پەقەت 120 كىشى ئەگەشكەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىمانىنى يوشۇرۇپ يۈرەتتى. چۈنكى يەھۇدىيلار بىلىپ قالغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلار مۇشۇنداق زور قىيىنچىلىقتا ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن 300 يىل داۋام قىلدى. بۇ ئارىدا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقىي ئىنجىل يوقاپ كەتتى. پەقەت ئاز قىسمىلا ساقلىنىپ قالدى. ئاللا بۇ ئاز قىسمىنى ئۇلارنىڭ زىتتىغا دەلىل قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويغان بولىشى مۇمكىن. قۇستىنتىن پادشاھ خرىستىئان دىنىغا كىرگەنگە قەدەر خرىستىئانلار دىنىنى يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدى. مۇنداق بىر تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈرگەن بىر دىنىنىڭ مەنبەلىرىگە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ نەقىل كەلتۈرۈش توغرا ئەمەس.

مۇندىن باشقا يەنە ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت يوقىلىپ كېتىپ، كېيىنچە ئاغزاكى رىۋايەتلەر ئارقىلىق قايتا توپلانغان، ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسلى يېزىلغان تىلىدىكى ھالىتى بىلەن قالماستىن باشقا تىللارغا

قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلىرىلا قېلىپ قالغان مۇنداق بىر كىتابلارغا قانداق ئىشەنچ قىلغىلى بولسۇن! مەزكۇر 4 ئىنجىلنى ئەسلى نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلغان تەرجىمانلارمۇ خرىستىئانلارغا نامەلۇمدۇر. ئۇلارمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا دەيمىزكى خرىستىئانلارنىڭ قولىدىكى هازىرقى ئىنجىللارنىڭ هېچبىرى ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئەسلى ئىنجىل ئەمەس. ئاللاھ تائالا نىسا سۈرىسىنىڭ 82-ئايىتىدە قۇرئان كەرىمنى تەرىپلەپ« ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) الله دىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى» دېگەن. ئاللاھتىن كەلگەن كىتابتا ئىختىلاپ ۋە ئۆزگەرتىش بولمايدۇ.